# ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرايلى گۈللەنگەن گۈزەل دۇنيانى ئورتاق بەرپا قىلايلى

## —— 23 - نۆۋەتلىك سانىت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرى ئومۇمىي يىغىنىدا قىلىنغان تەبرىك سۆز

(2019 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، سانىت پېتېربۇرگ)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

**ھۆرمەتلىك زۇڭتۇڭ پۇتىن،**
**ھۆرمەتلىك ھەرقايسى خىزمەتداشلار،**
**مېھمانلار،**
**خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار:**

زۇڭتۇڭ پۇتىننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بۇ نۆۋەتلىك سانىت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتناشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. پۇتىن زۇڭتۇڭ ۋە رۇسىيە تەرەپ دوستلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقى ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

سانىت پېتېربۇرگ رۇسىيەدىكى بىرىنچى چوڭ پورت، شۇنداقلا دۇنياغا تونۇلغان داڭلىق «بالتىق دېڭىزى مەرۋايىتى». 300 نەچچە يىللىق تارىخ جۇغلانمىسى ۋە يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تېز تەرەققىيات بۇ شەھەرگە ئېلىپ كەلگەن قويۇق كلاسسىك تۈس ۋە روشەن دەۋر قىياپىتى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. زۇڭتۇڭ پۇتىن ئىلگىرى ئورۇنلىغان بىر رۇسىيە ناخشىسىدىكى «نېۋا دەرياسى بويىدا بىر شەھەر بار، ئۇ بىزنىڭ ئەمگىكىمىزنىڭ جەۋھىرى» دېگەن مىسرالار سانىت پېتېربۇرگنىڭ رۇسىيە خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سانىت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرى 1997 - يىلى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، تەسىر كۈچى كۈنسېرى ئۆسۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەش، ھەمكارلىق ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىشىدىكى مۇھىم سۇپىغا ئايلاندى. بۇ نۆۋەتلىك مۇنبەردە «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى بەرپا قىلىش» باش تېما قىلىنغان بولۇپ، ھازىرقى خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارغا ماس كېلىدۇ، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدا كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى مىسلىسىز، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىشى ۋە كەسكىن رىقابەت مىسلىسىز بولماقتا، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ماس كەلمەسلىكى، سىممېترىك بولماسلىقىمۇ مىسلىسىز بولماقتا.

ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتكە قارىتا، كۆپنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ توغرا تاللىشى. دۇنياغا نەزەر سالساق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مەنپەئەتنى ماسلاشتۇرۇش نۇقتىسى ۋە ئەڭ ياخشى ھەمكارلىق باشلىنىش نۇقتىسى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى بىرتۇتاش پىلانلاش كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۈگۈنكى ئىنسانلار ۋە ئەۋلادلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ۋەزىپىنى ماس ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يەر شارىۋى تەرەققىيات ئۈچۈن يېڭى ئىستىقبال سىزىپ بېرىلدى.

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو باشتىن - ئاخىر ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ۋەدىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئادا قىلىپ، دۇنيا ئەھلى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

جۇڭگو ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات خەلقئارا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. 2013 - يىلى مەن ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى بىلەن نىشان، پرىنسىپ، يولغا قويۇش يولى جەھەتتە يۈكسەك ماسلاشقان بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ يىل 4 - ئايدا، 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، ھەرقايسى تەرەپلەر «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق، يېشىل، پاك بولۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بولۇش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەر شارىۋى ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ ھەم «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى بىلەن ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا بىردەك قوشۇلدى.

خەلقئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش سەممىي، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، مەقسەت ۋە نىشانى بىردەك بولغان ھەمراھلاردىن ئايرىلالمايدۇ. رۇسىيە جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ قوشنا دۆلىتى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھى، شۇنداقلا ھەرقايسى ساھەلەردە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم، ئالدى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان ھەمراھى. ئىككى تەرەپ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەبىئىي گاز قاتارلىق پاكىز ئېنېرگىيە ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد، تور ئېلېكترونلۇق سودىسىنى يېڭى ھەمكارلىقتىكى ئېشىش نۇقتىسى قىلىپ، چېگرا ھالقىغان بايلىقتىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش، چېگرا ھالقىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلۇشىدا ئۈنۈملۈك ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى.

مەن ۋە زۇڭتۇڭ پۇتىن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ياۋرو - ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشتا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش زۇڭتۇڭ پۇتىن تەشەببۇس قىلغان «چوڭ ياۋرو - ئاسىيا ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى» ئىدىيەسى بىلەن تۇتاشقان، ئىككى چوڭ تەشەببۇس ئۆزئارا بىر - بىرىنى قوللايدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر - بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ، رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

**خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار!**

ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە پەن - تېخنىكىدىكى ئىلگىرىلەشنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەلپىگە ماس كېلىدۇ. جۇڭگولۇقلار «ئىرادىلىك كىشىلەر ئۈچۈن يېتىپ بارالمايدىغان مەنزىل يوق» دەيدۇ. ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، تەنتەنىلىك ۋەدىنى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ يېپيېڭى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىنى ئېچىشنى خالايدۇ.

**بىرىنچى، بىز ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلىك دۇنيا ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.** جۇڭگو سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتىنى يارىتىدۇ. بىز بايرىقىمىز روشەن ھالدا ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تەكشى بولماسلىق، باراۋەر بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچەيمىز، باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن سودا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايمىز. بىز «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ماسلاشتۇرۇپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقى ياردەم فوندى، جۇڭگو - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىنچلىق ۋە تەرەققىيات فوندى قاتارلىقلارنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىمىز. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن 5G تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ يېڭى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، يېڭى يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئورتاق يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشنى خالايدۇ.

**ئىككىنچى، بىز ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئومۇم مەنپەئەتلىنىدىغان سىغدۇرۇشچان بەختلىك جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.** خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باش ۋەزىپىسى. بۇ يىل، جۇڭگو نامراتلىقتىن ھەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، 2020 - يىلى يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. 11 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ. كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، پېدائېيلار مۇلازىمىتى، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئاجىزلار توپىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىز ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىللە نامراتلارنى ئازايتىش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تېمىلاردا ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ زور ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىشنى خالايمىز.

**ئۈچىنچى، بىز يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق، بىللە ئۆتىدىغان گۈزەل يۇرت - ماكان بەرپا قىلىشتا كۈچىشىمىز كېرەك.** رۇسىيەنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى دوستويېۋسكىينىڭ «گۈزەللىك دۇنيانى قۇتقۇزالايدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. ئەۋلادلىرىمىزغا سۈيى سۈزۈك، ئاسمىنى كۆك بولغان گۈزەل دۇنيانى قالدۇرۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ھەرگىز مۇھىتنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلمايدۇ. بىز سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيەنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىقنى تېجەپ تۇجۇپلەپ ئىشلىتىش ۋە تەكرار ئىشلىتىشنى ئالغا سىلجىتىمىز. بىز يەنە تاشقى ھەمكارلىق جەھەتتە مۇھىت ئاسراش ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن يەر شارى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، جانلىقلار كۆپ خىللىقىنى قوغداش قاتارلىق تەخىرسىز مەسىلىلەرگە قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى» قاتارلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز.

**خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار!**

تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا بۈگۈنكى دەۋرنىڭ باش تېمىسى، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك بۇنداق زىچ باغلىنىشلىق بولمىغان، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بۈگۈنكىدەك بۇنداق چوڭقۇر يۇغۇرۇلمىغان، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت دەۋر ئېقىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەر شارىۋىلىششقا تەتۈر يۆنىلىشتە مېڭىش ۋە زومىگەرلىك، زورلاۋانلىق سىياسىيسىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەت دۇچ كەلگەن يېڭى تېما، يېڭى خىرىسلارمۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئىنسانلار يەنە بىر قېتىم تارىخنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ھازىرقى يەر شارىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان «ئالتۇن ئاچقۇچ»، ئۇ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش نىشانىغا يېقىن كېلىدۇ، ئىدىيە جەھەتتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ھەممىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىپ، پۈتۈن دۇنياغا نەپ يەتكۈزىدۇ. جۇڭگو داۋاملىق ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى تەشەببۇس قىلىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەر شارى كەنتىنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ، خاتىرجەم بولۇشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ گۈللەنگەن گۈزەل دۇنيانى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، سانىت پېتېربۇرگ، 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگرامما)**

# شى جىنپىڭ 23 - نۆۋەتلىك سانىت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرى ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

پۇتىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۇنيادا ھەممىلا يەرگە باب كېلىۋېرىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسى يوق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىنى تاللاش ھوقۇقى بار، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تېڭىش ھوقۇقى يوق. باراۋەر بولمىغان خەلقئارا تەرتىپ مۇقىم بولمايدۇ ۋە سىجىل داۋاملاشمايدۇ. خەلقئارا جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئورتاق تونۇش ئاساسىدا يېڭى خەلقئارا تەرتىپ ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى يادرولۇق ئورنىغا ھەققىي ھۆرمەت قىلىپ، كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش ھوقۇق - مەنپەئەتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىشى كېرەك. رۇسىيە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە ئىنتىپاقلىشىپ ئورتاق خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان باشقا رەھبەرلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇنداق بىلدۈردى: يەر شارىۋىلىشىش كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغان دەۋر ئېقىمى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن ھەر خىل مەسىلە ۋە خىرىس ئالدىدا، يالغۇز كۆرەش قىلىش ئاقمايدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر چوقۇم قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. ئۇلار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ئاللىقاچان كۆپ تەرەپچىللىك، خەلقئارا قائىدە ۋە ئەركىن سودىنى قوغدايدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. ھەرقايسى دۆلەتلەر يەككە تەرەپچىللىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشى، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە كۆپ قۇتۇپلىشىش مۇساپىسىنى قوغدىشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇزى ۋە رولىنى قوغدىشى كېرەك. زىچ كېڭىشىپ سۆزلىشىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ھەم ياۋرو - ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى قاتارلىق رايون ھەمكارلىق مېخانىزمىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» بىلەن ئۇدۇللىشىشىنى كۈچەيتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولى ئۈستىدە پائال مۇھاكىمە قىلىپ، رەقەمدىكى پەرقنى تۈگىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ تەكشى، سىغدۇرۇشچان، ئادىل، ئىمكانىيەتلىك سىجىل يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا خەۋپسىزلىك ۋە دۇنيانىڭ ئىناقلىقىنى قوغدىشى كېرەك.

ئۆزئارا ھەمتۈرتكە بولۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ھالقىسىدا، شى جىنپىڭ يەنە يەر شارىۋىلىشىشقا تەتۈر يۆنىلىشتە مېڭىش، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنى يادرو قورالدىن خالىيلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئومۇمىي يىغىن رىياسەتچىسى سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يەر شارىۋىلىشىش تارىخىي چوڭ يۈزلىنىش، جۇڭگو يەر شارىۋىلىشىشنىڭ ئەڭ قەتئىي تەشەببۇسچىلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ھازىر، دۇنيادا كۆرۈلگەن يەر شارىۋىلىششقا تەتۈر يۆنىلىشتە ماڭىدىغان بىر قىسىم ھەردەكەتلەر پەقەت يەر شارىۋىلىشىش ئېقىمىدا كۆتۈرۈلگەن ئازراق بۇژغۇن بولۇپ، يەر شارىۋىلىشىش چوڭ ئېقىمىنى توسۇيالمايدۇ. يەر شارىۋىلىششتا كۆرۈلگەن بىر قىسىم مەسىلىلەر قورقۇنچلۇق ئەمەس، گېلىغا تۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇپ تاماق يېمەسلىككە، ھە دېسىلا قورۇقچىلىق، بىر تەرەپچىللىك تەدبىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، قوشنىسىغا ئورا كولايدىغان شەخسىيەتچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، يەر شارىۋىلىششتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، ئېچىۋېتىشنى يۆنىلىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. بىز باشقىچە يول تۇتماقچى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى خەلقئارا سىستېمىنى مۇكەممەللەشتۈرمەكچى. ئادىل، باراۋەر بولۇش ئاساسىدا، يېڭىدىن گۈللەنگەن بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىك ئاپپاراتلاردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرى ۋە سۆز قىلىش ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈپ، تۈزۈمنىڭ رامكىسى ۋە مەنپەئەت تەقسىماتىنى تېخىمۇ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك. ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە تەرەققىيات يولىغا ھۆرمەت قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، بۇزغۇچىسى بولماسلىقى، كۆۋرۈك سالغۇچىسى بولۇپ، ئورا كولىغۇچىسى بولماسلىقى كۈچ چىقىرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ دوستلار چەمبىرىكىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمىز، جۇڭگو - رۇسىيە ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھى، جۇڭگو ئاسىيا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى، جەنۇبىي تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ھەمكارلىق ھەمراھىغا ئايلاندى. جۇڭگو - ئامېرىكا ئارىسىدىكى ئالاقە كۆپىيىپ، مەنپەئەتى يۇغۇرۇلدى، ئاتالمىش ئايرىلىپ كېتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكىلەرنىڭمۇ بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالتە يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، قاتناشقان تەرەپلەر تارىختىكى «بىر بەلباغ، بىر يول» دائىرىسىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كېتىپ، بۇ تەشەببۇسنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ جۇڭگونىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئاساس قىلىشى ئەمەسلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرىدۇ، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ بەزىلەر دەۋاتقان ھازىرقى زامان مارشال پىلانى ئەمەس. «بىر بەلباغ، بىر يول» يەنە ئاتالمىش جۇڭگونىڭ مۇستەملىكە پىلانىمۇ ئەمەس، جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن باشقا دۆلەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىش تارىخى بولۇپ باقمىغان. بىز قەتئىي ھالدا جۇڭگونىڭ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىمىز ھەم داۋاملىق «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. بىز بۇ غايىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە تېخىمۇ ئورتاق تونۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چاۋشيەن يېرىم ئارىلى مەسىلىسىدە، خەلقئارا جەمئىيەت چاۋشيەن بىلەن ئامېرىكا ئىككى تەرەپنى سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۆزئارا ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇپ، بىرلىشىپ كۈچ چىقىرىپ يېرىم ئارال مەسىلىسىنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق كېلىشتۈرۈش ۋە سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال كۈچەپ، يېرىم ئارالنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدايدۇ.

پۇتىن ئالماشتۇرۇش، ھەمتۈرتكە بولۇش ھالقىسىدا جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقى ۋە زىچ ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى يەنە بىر قېتىم ئالقىشلاپ، رۇسىيە - جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلاردىن ئىكەنلىكىنى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە باراۋەر بولۇش ئاساسىدا ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىق ئىستىقبالىنىڭ كەڭلىكىنى، خەلقئارا ئىشلاردىكى ھەمكارلىشىشنىڭ مول نەتىجە - ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

پۇتىن مۇنداق بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە پۇرسەت ئېلىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپ بۇ تەشەببۇسنى ئالغا سىلجىتقاندا ئەزەلدىن باشقىلارغا زورلاپ تاڭمىدى. يىغىنغا قاتناشقان باشقا دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ مۇنداق بىلدۈردى: «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىشنى خالايمىز، بەزى دۆلەتلەرنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»دىن ئەندىشە قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.